# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي

31

سەيشەنبە

维吾尔文 12月31日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24926 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچ سائەت 7دە مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ۋە ئالاقە تورى ئارقىلىق، 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى. مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى قارىمىقىدىكى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلى، ئاخبارات قانىلى، جۇڭگو تىلى خەلقئارا قانىلى، جۇڭگو خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ھەرقايسى چەت ئەل تىلى قاناللىرى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، جۇڭگو خەلقئارا رادىيو ئىستانسىسى ھەمدە خەلق تورى، شىنخۇا تورى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات ئابونچىلار تېرمىنالى قاتارلىق مەركەزدىكى ئاساسلىق ئاخبارات تارقاتقۇلىرى قارىمىقىدىكى تور بېكەتلىرى، يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرىدا دەل ۋاقتىدا كۆرسىتىلدى، ئاڭلىتىلدى.

شى جىنپىڭ بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدا قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەنلىكىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنىڭ يولغا قويۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سەۋىيەتتە ئالغا سىلجىتىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىدا 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 1909 ـ يىلى بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ تۆمۈريولى پۈتكەندى؛ 2019 ـ يىلى بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلاندى. ئۆز ئالدىغا لايىھەلەپ ياسىشتا نۆلنى بۆسۈشتىن دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار سەۋىيەگە يېتىشكىچە، سائەتلىك سۈرئىتى 35 كىلومېتىردىن 350 كىلومېتىرغا يېتىشكىچە، بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ لىنىيەسى جۇڭگو تۆمۈريولىنىڭ تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولدى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ھالقىشىغا گۇۋاھ بولدى. يۈز يىللىق تارىخقا نەزەر سالساق، بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ مۇھىم، زور ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلالايمىز. پىلانلاشقا، قۇرۇلۇش قىلىشقا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلارغا يېڭى يىللىق سالام يوللايمەن!

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بېيجىڭ ـ جاڭجىياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇھىم يانداش قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ قاتناش باشلاپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلۈشى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يانداش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، باشقا تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سەۋىيەتتە ئالغا سىلجىتىپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قەرەلىدە ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاش گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدۇ

□ لى يانەن

جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 15 يىللىق ھەقسىز مائارىپ ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش شىنجاڭلىق ھەربىر شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنى قاپلىدى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان سۇغۇرتىسى ۋە شەھەر ـ بازار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 100%كە يەتتى... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان توققۇز تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتتى.

خەلق تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش خەلقنىڭ ئارزۇسى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم كۈچەش نۇقتىسى. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەلق تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن خەلق رايىنى تۇراقلاشتۇرغىلى بولىدۇ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ نېگىزى خەلق قەلبىنى مۇجەسسەملەشتە، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇشتا. باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا جەزمەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلق رايىنى ئۇتۇشنى ئىزچىل چۆرىدەپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تاپىلىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭ تەرەققىيات داۋامىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئامما ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، گۈللىنىش، تەرەققىيات ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىدىغان تەسىرلىك سەھىپىنى پۈتتى.

ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، ئىقتىساد قانچىلىك يۈكسەلگەنسېرى خەلق تۇرمۇشىغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈش، خەلق تۇرمۇشىغا شۇنچە ئېتىبار بېرىش كېرەك،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

![banner] نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

# «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە كۈچ مۇجەسسەملىدى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى(سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى)دىن ئۇققۇشىچە، «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 1274 كارخانا بۇ ئىشقا ئاتلىنىپ، جەمئىي 1308 كەنتكە ياردەم بېرىپ يۆلەپ، 1 مىليارد 954 مىليون يۈەن كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەبلىغى سېلىپ، 9469 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكە 195 مىليون يۈەن ئاممۋى پاراۋانلىق پۇلى ئىئانە قىلغان.

2016 ـ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىنى ئۇدا تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك پۇقراۋى كارخانىلار ھەم سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنى ھەرقايسى جايلاردىكى ئېغىر نامرات كەنتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ قوشماقلىشىشقا يېتەكلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، خاس كەسىپلەرنى بەرپا قىلىش قاتارلىق ئورتاق قۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا كۈچ قوشتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 5 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

# مۇقىملىق پايدىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 5 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 2019 ـ يىللىق ساياھەت خىزمىتى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭدا مۇقىملىقنىڭ پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلگەچكە، ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدا ئۇدا يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى «بارومېتىر»غا ئايلاندى. ھازىر، شىنجاڭنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ دەل پەيتى كەلدى، يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۇرسەتنى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بېكىتكەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىزچىل چۆرىدەپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



قار سەيلىسى قىلىپ يېڭى يىلنى كۈتىۋېلىش

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، پىيادە يۈرۈش ھەۋەسكارلىرى چاغانتوقاي ناھىيەسىدىكى بارلۇق تېغى مەنزىرە رايونىدا قار سەيلىسى قىلىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالماقتا. قىش كۈنلىرىدىكى بارلۇق تېغى مەنزىرە رايونى كۆمۈش رەڭ بىلەن قاپلىنىپ، نۇرغۇن پىيادە يۈرۈش ھەۋەسكارلىرىنى جەلپ قىلدى. □ ياڭ خۇاگۇاڭ فوتوسى

# ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار بۆلىكىدە قاتناش باشلاندى

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئايلانما لىنىيەسى پات ئارىدا شەكىللىنىدۇ

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋنىڭ** جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئالتايدىن كۆكتوقايغىچە، كۆكتوقايدىن شەرقىي جۇڭغارغىچە بولغان تۆمۈريول(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى دېيىلدى)نىڭ كۆكتوقايدىن شەرقىي جۇڭغارغىچە بولغان بۆلىكى پۈتۈپ قاتناش باشلانغان، كۆكتوقاي ناھىيەسى رەسمىي دۆلەت تۆمۈريولى قاتناش تورىغا كىرگۈزۈلگەن، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئايلانما لىنىيەسى پات ئارىدا شەكىللىنىدىكەن.

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى يۈك ترانسپورتىنى ئاساس، يولۇچىلار ترانسپورتىنى قوشۇمچە قىلغان رايون غول لىنىيەسى بولۇپ، لىنىيە ئالتاي ۋوگزالىدىن باشلىنىپ، كۆكتوقايدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى ـ جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولىنىڭ شەرقىي جۇڭغار شىمالىي ۋوگزالىغا بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 419 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 260 كىلومېتىر بولۇپ، 2017 ـ يىلى قۇرۇلۇش باشلانغان. كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار بۆلىكىدە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئالدىنقى مەزگىلدە ئاساسلىقى يۈك ترانسپورت كەسپىنى ئاساس قىلىدۇ، يولۇچى ترانسپورت كەسپى 2020 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېچىلىدۇ.

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى شىنجاڭ تۆمۈريولى شىمالىي يولىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، تور پۈتكەندىن كېيىن، لەنجوۋ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئۈرۈمچى ـ كۈيتۈن، كۈيتۈن ـ بېيتۈن، بېيتۈن ـ ئالتاي تۆمۈريولى ھەمدە ئۈرۈمچى ـ جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولى بىلەن بىرلىكتە جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان تۆمۈريول تورىنى ھاسىل قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئايلانما لىنىيەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، ئالتاي ـ كۆكتوقاي بۆلىكى كېلەر يىلى پۈتۈپ تىجارەت باشلىنىدىكەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# خالىغانچە بۇرمىلاش، قارا چاپلاشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى **نىجات سۇلتان**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى خالىغانچە بۇرمىلىدى ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقاردى. بۇنىڭغا قارىتا، مەن كۈچلۈك غەزەپلەنگەنلىكىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىدا باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب، شىنجاڭنىڭ مۇقىم ۋە تىنچ رېئاللىقىنىڭ دېگىنى ھېساب. شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تىنچ ـ خاتىرجەملىكى تەستە قولغا كەلگەن. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

كېرىيە ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئالىمجان ئابدۇغېنى:

# مەن ئۈمىدكە تولغان تۇرمۇشقا ئېرىشتىم

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم ئالىمجان ئابدۇغېنى، بۇ يىل 33 ياشقا كىردىم، كېرىيە ناھىيەسىدىن. ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن بىرقەدەر ئېغىر يۇقۇملانغاندىم. بۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەلىرى نورمال تۇرمۇشۇمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئىلگىرى مەن ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتىم، مودا قوغلىشىدىغان ئادەم ئىدىم. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئەمەس ئاممىنى چەتكە قېقىشقا باشلىدىم، ئۇلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمىدىم، يەنە ئەتراپىمدىكى دوستلىرىمغا دىنىي ئەسەبىيلىك سەپسەتىلىرىنى تەشۋىق قىلدىم. مەن ئۇلارنى «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتمەكچى» بولدۇم، «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتەلىگەن» ئادەم قانچە كۆپ بولسا، جەننەتكە شۇنچە يېقىنلىشىمەن، دەپ قارىدىم.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلىدىن، دادام ئالەمدىن ئۆتكەندە، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە يىغلىمىدىم، ئۆيدىكىلەرنىمۇ يىغلىغىلى قويمىدىم.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)